السنّة النبوية وعلومها
www.sunnah.global

# ھەقىقەتەن ئاللاھ تائالا زالىمغا مۆھلەت بېرىدۇ، ھەتتا ئۇنى تۇتقاندا ھەرگىز قويۇپ بەرمەيدۇ

ئەبى مۇسا ئەشئەرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھەدىس بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەرئەلەيھسسالام مۇنداق دېگەن: «ھەقىقەتەن ئاللاھ تائالا زالىمغا مۆھلەت بېرىدۇ، ھەتتا ئۇنى تۇتقاندا ھەرگىز قويۇپ بەرمەيدۇ» ئۇنىڭدىن كېيىن بۇ ئايەتنى ئوقۇدى:«وَكَذَلِكَ أَخْذُ رَبِّكَ إِذَا أَخَذَ الْقُرَى وَهِيَ ظَالِمَةٌ إِنَّ أَخْذَهُ أَلِيمٌ شَدِيدٌ» تەرجىمىسى: «پەرۋەردىگارىڭ زالىم يۇرتلار (ئاھالىسى) نى ھالاك قىلسا، ئەنە شۇنداق ھالاك قىلىدۇ، ئاللاھنىڭ ئازابى ھەقىقەتەن تولىمۇ قاتتىقتۇر» [سۈرە ھۇد 102-ئايەت].

[تېكىست توغرا] [بىرلىككە كەلگەن]

پەيغەمبەرئەلەيھسسالام گۇناھ-مەسىيەت،شېرىك، كىشىلەرنىڭ ھەق-ھوقۇقلىرىدا زۇلۇم قىلىپ ھەددىدىن ئېشىشتىن ئاگاھلاندۇردى، ھەقىقەتەن ئاللاھ تائالا زالىمغا مۆھلەت بېرىدۇ، ئازابنى كېچىكتۈرىدۇ، ئۆمرىنى ئۇزۇن قىلىدۇ، مال-دۇنياسىنى كۆپ قىلىدۇ، ئۇنى جازالاشقا ئالدىرىمايدۇ، شۇنداقتىمۇ تەۋبە قىلمىسا، ئۇنى مەھكەم تۇتىدۇكى ھەرگىز قويىۋەتمەيدۇ، زۇلۇمنى كۆپ قىلغانلىقى ئۈچۈن بوش قويمايدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن پەيغەمبەرئەلەيھسسالام بۇ ئايەتنى تىلاۋەت قىلدى:«وَكَذَلِكَ أَخْذُ رَبِّكَ إِذَا أَخَذَ الْقُرَى وَهِيَ ظَالِمَةٌ إِنَّ أَخْذَهُ أَلِيمٌ شَدِيدٌ»تەرجىمىسى:«پەرۋەردىگارىڭ زالىم يۇرتلار (ئاھالىسى) نى ھالاك قىلسا، ئەنە شۇنداق ھالاك قىلىدۇ، ئاللاھنىڭ ئازابى ھەقىقەتەن تولىمۇ قاتتىقتۇر» [سۈرە ھۇد 102-ئايەت].

https://sunnah.global/hadeeth/ug/show/5811

النجاة الخيرية
ALNAJAT CHARITY
لجنة الدعوة الإلكترونية
EDC E-Da'wah Committee